# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قەتئىي ياخشى تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش تەلىپى بويىچە، رايونغا ئايرىلغان، دەرىجىگە ئايرىلغان دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك. ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۈرۈمچى يۇقۇمنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلمىي ياخشى ئىشلەپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەھەللە، كوچىلارنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي ساقلىشى كېرەك؛ باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇداپىئە لىنىيەسىنى ھەقىقىي پۇختا قۇرۇشى كېرەك. دەل جايىدىكى تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ئورۇن، مۇھىم مەيدان ـ سورۇن ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ـ تىزىملاش، دېزىنفېكسىيەلەش، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېرەك؛ ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، قىزىپ قالغان كىشىلەرنى ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك مۇداپىئەسىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىش يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، سىياسەت تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى تېز ئۆزگەرتىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، سېلىنمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي ھالدا ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشى كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىگتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىگتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى، بولۇپمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۇختا ھالدا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسى رېلىس ياتقۇزۇلۇپ تۇتاشتۇرۇلدى

## شىنجاڭغا كىرىپ چىقىدىغان ئۈچىنچى تۆمۈريول لىنىيەسى شەكىللەندى

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دە، شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي تۇتاشقان جايدىكى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا، بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەن، قۇرۇلۇشچىلار چوڭ تىپتىكى رېلىس ياتقۇزۇش ماشىنىسىدا مەشغۇلات قىلىپ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك رېلىسنى جايىغا ياتقۇزۇپ، چىڭخەي بۆلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن گولمۇد ـ كورلا تۆمۈر يولى پۈتۈن لىنىيە بويىچە رېلىس ياتقۇزۇلۇپ تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىدىغان ئۈچىنچى تۆمۈريول لىنىيەسى شەكىللەنگەن.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تۈرى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1215 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بۆلىكى 708 كىلومېتىر)، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گولمۇدتىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ ۋۇتۇ مىيرېن، گەنسېن، خۇاتۇگوۋدىن ئۆتۈپ، ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ شىنجاڭغا كىرىپ، مىرەن، چاقىلىق، لوپنۇر ئارقىلىق كورلىغا تۇتىشىدۇ، يول بويى كۆپ خىل يەر شەكلى —— بوستانلىق، قۇملۇق، چۆللۈك، ئېگىزلىك، تاغلىق قاتارلىقلاردىن ئۆتىدۇ.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ تۆمۈريولىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ، شىنجاڭدىكى لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە ئېجىنا ـ قومۇل تۆمۈريولىدىن قالسىلا شىنجاڭدىن چىقىدىغان 3 ـ چوڭ يول، شۇنداقلا غەربىي قىسىم رايونىدىكى مۇھىم تۆمۈريول تورى غول لىنىيەسى ۋە شىنجاڭدىكى «ئۇزۇنسىغا تۆت، توغرىسىغا تۆت» تۆمۈريول ئاساسىي رامكىسىدىكى بىر يول.

2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىگە رېلىس ياتقۇزۇش باشلانغان، قۇرۇلۇشقا قاتناشقان خادىملار قۇم ـ بوران، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، قەھرىتان سوغۇق قاتارلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ بۆلىكىنى قەرەلىدە رېلىس ياتقۇزۇپ تۇتاشتۇرۇپ، بۇ يىل ئىچىدە پۈتۈن لىنىيەدە قاتناش باشلاپ يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە لەنجوۋ ـ شىنجاڭ يولۇچىلار مەخسۇس لىنىيەسىنى ئاساسىي يول، ئېجىنا ـ قومۇل تۆمۈريولىنى شىمالىي يول، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنى جەنۇبىي يول قىلغان «بىر ئاساس، ئىككى قوشۇمچە» قاتناش ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ چىڭخەي بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قولايلىشىپ، كورلىدىن گولمۇدقا بېرىشتىكى قاتناشتا بىر تاللاش كۆپىيىدۇ، 26 سائەت ئاپتوموبىلغا ئولتۇرسىمۇ، 12 سائەت ئەتراپىدا پويىزغا ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ چىڭخەي، شىزاڭ، غەربىي جەنۇب رايونى بىلەن بولغان رايونلار ئارا ئالماشتۇرۇش يولىمۇ تۇتاشتۇرۇلۇپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك رېلىس ياتقۇزۇلماقتا.
□ چېن جيەنفېي فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەم نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى بەخت يولى 118 ـ نومۇردىكى مەمۇرلار ئولتۇراق رايونى ۋە ياشلار يولى 26 ـ نومۇردىكى رىگۇاڭ ئولتۇراق رايونىدىكى مەركەزلىك ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسىدا، نەق مەيداندىكى تەكشۈرتۈشكە كەلگەن ئامما تەرتىپلىك ھالدا بىر مېتىردىن ئارىلىق قويۇپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ، شەخسىي ئۇچۇرى تىزىملىنىپ دەلىللەنگەندىن كېيىن ئەۋرىشكە ئېلىش رايونىغا كىردى، كەسپىي تېببىي خادىملارنىڭ ئەۋرىشكە ئېلىشنى تاماملىشىغا پەقەت ئۈچ مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە ۋاقىت كەتتى. لى پېڭشىن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، ئاھالىلەر بىلەن سەممىمىي پاراڭلاشتى. لى پېڭشىن مۇنداق تەلەپ قىلدى: مەركەزلىك ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىلىرى نەق مەيداننىڭ تەرتىپىنى قوغداش ۋە توپلانغان ئەۋرىشكە، سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى، داۋالاش ئاپپاراتلىرى بىلەن ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشقا پۇختا ئاساس سېلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشى، خاتىرجەم قىلىشى كېرەك.

لى پېڭشىن مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاھالىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، مەھەللىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ نورمال، مۇقىم بولۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلاردىن ھال سورىدى، تەۋە جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى دىئەن يۈەندىكى تېببىي تەكشۈرۈش ئورنىدا، لى پېڭشىن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تەجرىبە قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، تەكشۈرۈش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش مەسىلىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىم ھالقا، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كېرەكلىك خادىم، ئۈسكۈنە ۋە مەبلەغنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەۋە جاي، تارماق، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا سۈپەتنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بېسىپ قويماسلىق، كېچىكتۈرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، بالدۇر بايقاش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

تېببىي خادىملار يۇقۇم ئۈستىدىن غەلبە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، لى پېڭشىن كەڭ تېببىي خادىملاردىن سەممىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: كۆپچىلىك سالامەتلىكنى ئوبدان ئاسراپ، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەمەلىي، يېقىشلىق تەدبىر قوللىنىپ، تۇرمۇش كاپالىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋالاش، مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىدا ئالدى بىلەن بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ھەقىقىي ياخشى قوغدىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مەڭلىك سىيىت، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى تېز ئېشىشنى ساقلىدى، ئىستېمال بازىرى زور دەرىجىدە قايتىدىن جانلاندى، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى ئۇدا تارايدى، ئاھالە ئىستېمال باھاسى(CPI)نىڭ ئۆسۈش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى».

كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭدىكى 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 44 مىليارد 38 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.6 ئاشقان؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليارد 825 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.1 ئاشقان؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 363 مىليارد 417 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.1 ئاشقان.

«بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقۇم زەربىسى ئېلىپ كەلگەن سىناققا بەرداشلىق بەردى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن ياخشى بولدى.» شۇ بىن مۇنداق دېدى: «كېيىنكى باسقۇچتا، بىز ئاپتونوم رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ‹ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش› خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ‹ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش› ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قوش غەلىبە قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشقا ئاشۇرىمىز».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)